# ئىزدىنىش

(تاللانما)

11 1996

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

1996-يىل 11-سان
(ئومۇمىي 101-سان)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 17-، 18-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلىدا چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرايلى ........................................ خۇ جىنتاۋ (2)**

**دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ........................................ جاڭ دىڭخۇا (16)**

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ زور نەزەرىيىۋى نەتىجىلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرايلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى ........................................ **لى جۈنرۇ (25)**

**جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا ........ يۈەن مۇ (39)**



**★11-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلدا چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرايلى*

خۇ جىنتاۋ

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 75 يىل بولدى. مۇشۇ 75 يىللىق شانلىق مۇساپىسى جەريانىدا، پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھاسىل قىلدى. ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى تاماملاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئاچتى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، پارتىيىمىز داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ زورايدى، چېنىقىپ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ بۇ پارتىيىمىز ئۇزاق ۋاقىت سىنالغان جەڭگىۋار ماركسىزملىق پارتىيە بولۇشقا مۇناسىپ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇشقا مۇناسىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىدىغان پارتىيە بولۇشقا مۇناسىپ.

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا «يۇقىرى سەپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”75 يىلدىن بۇيان، بىز مۇنداق بىر ئاساسىي تەجرىبىنى ھاسىل

---

* بۇ يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1996-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى مەملىكەتلىك ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

قىلدۇق، ئۇ بولسىمۇ: پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان ئىشلاردا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، توغرا نەزەرىيە ۋە توغرا لۇشيەننىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە لۇشيەننى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىمۇ زۆرۈر.» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ جىددىي ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدە يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتە ئەمەل قىلىنىشى شەرت بولغان يېتەكچى ئىدىيە، ئاساسىي تەلەپ، ياخشى تۇتۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي خىزمەتلەر ئېنىق شەرھلەنگەن. بۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ سۆزنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، بۇ خىزمەتنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قاتارىدا ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيىمىزنىڭ باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، تۈزلۈك خېيىم-خەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرەپلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا مۈشكۈل ۋەزىپىدۇر. خىزمەت داۋامىدا، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى قەتئىي، ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىغا، ماركسىزملىق سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆز قاراشنى مۇستەھكەم تىكلىشىگە، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشىغا، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، كەڭ كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئاممىغا زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىستىلدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بۇ ئۈچ چوڭ

ئىستىل پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا شەكىللەندۇرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان ياخشى ئەنئەنىسى، پارتىيىمىزنىڭ باشقا پارتىيىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن بەلگىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى، پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېتەكلەپ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭغانلىقىدىكى بىر تۈپ سەۋەب. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇۋاتقان تارىخىي يېڭى دەۋردە، پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى نۇرلاندۇرۇش لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلىنى باشلامچىلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. پارتىيىمىزنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن ۋە بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق داۋامىدا كېلىپ چىققان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتالىشىنى كەڭ كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ۋە جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ يىللاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ تېز ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچ چوڭ ئىستىلىنىڭ ئۇلارنى تەربىيىلىگەنلىكىدىن بولدى، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە جارى قىلدۇرغانلىقىدىن بولدى. بىراق شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، پارتىيىمىز ئىچىدە بەزى يولداشلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قويۇلغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، پارتىيىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىنى، ياخشى ئىستىلىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىدەك ئەھۋاللارمۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بەزى كىشىلەر ھەتتا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىستىلىغا زىت يولنى تۇتتى، بۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئىشىنى باشتىن ئاخىر پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر مۇھىم مەسىلە قاتارىدا چىڭ تۇتۇشىمىز، ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

## 1. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ۋە

# ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق جەڭچىسى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇلۇشى كېرەك. خۇددى يولداش جياڭ زېمىننىڭ "1-ئىيۇن"دىكى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ئېيتقىنىدەك: "پارتىيە ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، پارتىيىلىك كادىرلار ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ، نەزەرىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلىش سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشنىڭ ئاساسىدۇر"، "نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى، ئالدى بىلەن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ تەدبىر دەپ قاراش كېرەك". پارتىيىمىز چىڭ تۇرۇۋاتقان ئىلمىي نەزەرىيە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە تامامەن مۇستەھكەملىنىشىگە، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشتە ھەرىكەت جەھەتتە يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك قورالدۇر. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئۆگىنىش پائالىيىتى پۈتۈن پارتىيىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولماقتا، ئۆگىنىشتىن روشەن ئۈنۈم ھاسىل بولدى. بىراق ئالدىنقى بىر باسقۇچتىكى نەتىجىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كادىرلار ئىچىدە نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە سەل قارايدىغان، ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمەيدىغان، نەزەرىيىگە پراگماتىزم يولىنى تۇتىدىغان، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلىغاندا، نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ھەقىقىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بىز ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيىتىگە باغلاپ ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدەنگەندىلا، ئاندىن نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلەيمىز؛ ئۇنىڭغا سىڭگەن دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى چۈشىنەلەيمىز. تەجرىبە بىزگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، ئومۇمەن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگەنگەندە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان، خىزمەت داۋامىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يەكۈنلەپ تۇرغان، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرگە ئالاقىدار بولغان چوڭ-چوڭ ھەق-ناھەقنى ئايرىۋېتىشكە دىققەت قىلغاندا، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ، خىزمەت داۋامىدا پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجادچانلىق كۆپرەك بولىدۇ. سۇبيېكتىپچىلىق، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش ۋە مەسلەكسىز بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار ئازراق بولىدۇ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىيات، پىلان بىلەن بازار، ئەينەك قىلىش بىلەن توسۇش، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە باشقا چوڭ-چوڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە بولغان چۈشەنچە بىر قەدەر سەگەك، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىر قەدەر توغرا بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ يول تۇتۇلمايدىغان بولسا، ئۆگىنىش جەزمەن شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، تېگىشلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرىمىز دېسەك، ھەممىدىن ئاۋۋال توغرا ئۆگىنىش مەقسىتىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: ماركسىزم نەزەرىيىسىنى پۇختا بىلىش، تەتبىق قىلىش لازىم، پۇختا بىلىشتىن مەقسەت—تەتبىق قىلىشتىلا. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىمىزكى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشى مۇشۇ نەزەرىيىگە موھتاج. بىز ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈنلا نەزەرىيىنى ئۆگىنىمىز، ئۇنىڭدىن مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە، ھەم سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە تەتبىقلايمىز. ئەگەر بۇنداق مەقسەت بىلەن ئۆگەنمەي، ئۆزىمىزنى پەدەزلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بەزى سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ باشقىلارغا ئاڭلىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا نەزەرىيىنى ئۆگىنىدىغان بولساق، مۇتلەق ئوبدان ئۆگىنەلمەيمىز. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆگىنىش ئارقىلىق ماركسىزم، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت سىياسىي يۆنىلىشىمىز ۋە سىياسىي مەيدانىمىزنى چىڭىتىشىمىز، توغرا بولغان دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت

قارىشنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز، شەيئىلەرنى كۆزىتىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئىگىلىشىمىز، نەزەرىيىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ ئۆگىنىشتىكى مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن تەتبىقلاشنىڭ، بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ، سۆزلەش بىلەن ئىشلەشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈش ۋە بىردەكلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە دائىم چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدىكى رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تونۇشىنى ۋە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە تەكرارلىنىپ تۇرغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بارغانسېرى توغرا ئىگىلەپ بارىمىز، يېڭى مەسىلىلەرنى بىلىش ۋە يېڭى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى بارغانسېرى ئۆستۈرىمىز، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىدىن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، خىزمەتنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا ئىجادچانلىق بىلەن ئېلىپ بارالايمىز. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىچىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يولداشلار كۆپەيمەكتە. بۇ بىر ياخشى كەيپىيات. شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە مۇشۇنداق ياخشى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلساق، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، سىياسىي سەۋىيىسى، خىزمەت سەۋىيىسىدە زور يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ-دە، ئىشلىرىمىز تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلالايدۇ.

## 2. ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ پارتىيىمىز خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە. پارتىيىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە تۈزگەن توغرا لۇشيەن ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەر، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ بەختلىك، باياشات تۇرمۇشى ئۈچۈندۇر. بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەرقانداق دۈشمەنگە ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمىدى، ئۇلاردىن قورقمىدى، بەلكى كىچىكلىكتىن چوڭايدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدىن ئىبارەت. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرىدىغان ئاساسىي خىزمەت لۇشيەنى بىزنىڭ بىباھا گۆھىرىمىزدۇر. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدىغان بۇ تەۋەررۈك ئىچىگە ئۇيۇشقان بايلىق شۇنىڭدىن ئىبارەت: جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق؛ شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلماستىن، ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش؛ خەلقنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ئاممىغا ئىشىنىشتە چىڭ تۇرۇش، ئاممىغا يېقىندىن تايىنىش، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قەتئىي قوغداش، ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش؛ ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇش، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش. مۇشۇ بايلىقلارغا ئەستايىدىل ۋارىسلىق قىلىش، مۇشۇ ئىدىيىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مۇشۇ پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىزدە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. ئالدىنقى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن يول ئېچىۋاتقان مۇھىم دەۋردە بۇ نۇقتىنى تەكىتلەش تېخىمۇ مۇھىم.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان توغرا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ ئورتاق كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا يۇقىرى كۆتۈردى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن،

خەلق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ماختىدى. بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئومۇمەن ياخشى، پارتىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كادىرلىرى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ياخشى پارتىيە ئەزالىرى، ياخشى كادىرلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار پارتىيىنىڭ جان–دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە قەتئىي مېڭىپ، ئامما بىلەن بولغان زىچ ئالاقىنى تىرىشىپ ساقلىدى. ئۇلار ئامما ئۈچۈن چىن دىلىدىن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ دەردىگە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداپ، ئاممىدىن سەممىي ئۆگىنىپ، ئاممىنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشتى. كۇڭ فەنسېن، لى رۇنۇۋ، ما ئېنخۇا قاتارلىق يولداشلار، لى گوئەن، ۋۇ تيەنشياڭ، چېن جىنشۇي قاتارلىق يولداشلار مۇشۇ كادىرلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىر قىسىم كادىرلار جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ھەتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەرمۇ ئېغىر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاممىنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا پىكرى بار. جۇڭگو خەلقى ئىنتايىن ياخشى خەلق. خەلق ئاممىسى پارتىيىگە ئىنچىل تۇردە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ كەلگەن. ئامما بەزى كادىرلارنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك خاتالىقىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلغاندىمۇ، بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ياخشى ئىستىلنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بەزى كادىرلاردىكى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشى لازىم.

كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى تۈپ سىياسىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشتۇر، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەردە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى جارى قىلدۇرۇلمايدىغان بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى ئاممىنى ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جەلپ قىلىدىغان ئىلغارلاردىن بولۇپ چىقىشى كېرەك. كىمكى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش سىياسىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ، سۆزسىزكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستلارغا خاس ئىلغارلىقنىمۇ يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەرقانداق بىر پارتىيە تەشكىلاتى، ھەرقانداق بىر پارتىيە ئەزاسى پەقەت ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن مول بىلىمگە ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ؛ خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، چىن كۆڭلىدىن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئىززەتلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئۆزىنى ئامما ئارىسىغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئامما بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرگەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئىلغار كىشىلەردىن ئۆگىنىشتە، ئۇلارنىڭ ئاممىغا تۇتقان توغرا مەيدان ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك. بولۇپمۇ بىزنىڭ ياش كادىرلىرىمىز بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشى لازىم. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك، قاتتىق، ھەتتا ئازاب-ئوقۇبەتلىك چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش شەرت. كىم خوجايىن، كىم قەھرىمان، كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك، كىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردە ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خىزمەت داۋامىدا، ئۆز يۈرىكىنى ھەقىقىي تۈردە خەلققە بېغىشلاش، خەلققە تېخىمۇ يېقىنلىشىش، قىيىنچىلىق كۆپ، مەسىلە كۆپ، پارتىيە ۋە ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان جايلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىش لازىم. بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىقتىن ۋە پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىكتىن پەخەس بولۇپ تۇرۇش، بولۇپمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىشتەك چىرىكلىكلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ۋە ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، ھەممىدىن ئاۋۋال كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىدۇ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كەلتۈرگەن ئەمەلىي مەنپەئەتتىن بەھرىمان قىلىشى ھەقلىق ئىش. ھازىر مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا 65 مىليون ئاھالىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق، شەھەرلەردە بولسا

بىر قىسىم كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھېلىمۇ بىر قەدەر قىيىن. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، چوقۇم ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، مۇشۇ بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىسىنى تۈرلۈك چارە-ئاماللار ئارقىلىق ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. بۇ پارتىيىنىڭ سىنىپي ئاساسىنى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيەتنى قوغداش، ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ، بەزى قىزىققۇرلىق مەسىلە ۋە قىيىن مەسىلىلەرمۇ گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، خاتىرجەمسىزلىكنى كەلتۈرىدىغان ئامىللارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ”قاتتىق زەربە بېرىش“تىن ئىبارەت بىر ئۇتاش ھەرىكەت خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن ئىش، شۇڭا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا تايىنىپ، بۇ كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارامخۇدا ياشىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم. بۇ ئەينى ۋاقىتتا كادىرلىرىمىزنىڭ ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەردە ھەقىقىي بولغان-بولمىغانلىقىنى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلگەن-بۆلمىگەنلىكىنى سىنايدىغان سىناق بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بەزى يەرلىك تەشكىلاتلار يولغا قويغان ”ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى قۇرۇلۇشى“، ”بىلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى“ قاتارلىق پائالىيەتلەر پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەربىر پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزاسىنىڭ كۆندىلىك خىزمىتىگىچە كونكرېتلاشتۇردى، بۇ بىر ياخشى ئۇسۇل، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

## 3. تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

بىز كوممۇنىستلار تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا مەڭگۈ موھتاجمىز. بۇ، پارتىيىنىڭ كۈرەش پروگراممىسى ۋە سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاش ۋە پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىدۇر. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىمىز، كادىرلار قوشۇنىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى، ئۇلار ئىچىدە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ زور تۈركۈم ئىلغارلىرى مۇجەسسەملەنگەن. لېكىن، پارتىيە ۋاكۇئۇم بوشلۇقتا ياشىمايدۇ. ھەر خىل سىياسىي چاڭ-توزاڭ ۋە سىياسىي مىكرو ئورگانىزملار دائىم پارتىيىمىزنىڭ تېنىنى چىرىتىپ تۇرىدۇ. «ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۇلگۈجىكى چىرىمەيدۇ». پارتىيىنىڭ ساغلام تېنىنى قوغداش ئۈچۈن، بىز تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق دائىم تازىلاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىر مەيدان يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالنى قولغا ئېلىش تېخىمۇ زۆرۈر.

پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىش تارىخى بىزگە پۈتۈن پارتىيە دائىرىسىدە تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ھەرىكىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتالىقىنى تۈپتىن تۈزىتىپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ ئىككى قېتىملىق تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ ھەر ئىككىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزم ئاساسىدىكى يېڭى ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت ياراتتى. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيە ئىچىدىكى ھەممە كىشىلەر، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن، ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەنقىدنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى لازىملىقىنى دائىم ئەسكەرتىپ كەلدى. پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە جانلاندۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلغۇزۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى، كادىرلارنى يېڭى ۋەزىيەتتە داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مەركەز بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى

قانات يايدۇرۇشنى ئۆلگىرى سۇردى. لېكىن، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى خالىمايدىغان، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى رەت قىلىدىغان هادىسىلەر بىر قىسىم پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بەزى جايلاردا ۋە ئىدارە-ئورۇنلاردا ياخشىچاقلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، سىياسىي ئىنتىزامغا، تەشكىلىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ۋە هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىشتەك پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىش، پرىنسىپنى تەكىتلىمەسلىك، هەق-ناهەقنى ئايرىماسلىق، تەنقىد قىلماسلىق، توسىماسلىق هەتتا قانات ئاستىغا ئېلىش، يول قويۇش قاتارلىقلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بۇلار ئىنتايىن خاتا هەرىكەتلەر بولۇپ، چوقۇم ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك.

هەر دەرىجىلىك رەهبەرلىك بەنزىلىرى، رەهبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى باشلامچى بولۇپ قولغا ئېلىشى كېرەك. پەقەت تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرغاندىلا، يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كادىرلار "ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشى، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىنى ئاگاهلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىگە هەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى" كېرەك، پارتىيە تەشكىلى كادىرلارغا قارىتا "قاتتىق تەلەپ قويۇشى، قاتتىق باشقۇرۇشى، قاتتىق نازارەت قىلىشى" كېرەك دېگەن تەلەپلىرىنى هەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىق بولۇشى لازىمكى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى جىددىي، ئەستايىدىل ۋە هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن هالدا قانات يايدۇرۇش پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا بولغان تەربىيە ۋە نازارەتنى كۈچەيتىپ، "هەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى ئۆزگەرتىش"نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەلىپى. بۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىكىدەك هەق-ناهەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، ۋەهشىيانە كۈرەش قىلىش، رەهىمسىز زەربە بېرىش بىلەن ماهىيەت جەهەتتىن پەرقلىق بولۇپ، تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە بولمايدۇ، بۇنى باهانە قىلىپ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى رەت قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، "ئىتتىپاقلىق-تەنقىد-ئىتتىپاقلىق"تىن ئىبارەت فورمۇلادىن پايدىلىنىپ يولداشلارغا ياردەم بېرىپ، پرىنسىپ ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولداشلارغا زەربە بەرگەنلىك بولماستىن، بەلكى يولداشلارغا كۆيۈنگەنلىكتۇر. ئەگەر خاتا نەرسىلەرگە يول قويساق، كادىرلاردا مەسىلە بارلىقىنى بايقاپمۇ ئۇنى بەزلەپ، ماختاپ، قانات ئاستىغا ئالساق، بۇنىڭ ئۆزى دەل يولداشلارغا هەم پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلىق بولۇپ هېسابلىنىدۇ. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇ-

ۋىلىشىمىز كېرەككى، ئۆز خىزمىتىدىكى كەمچىلىكلەر ۋە ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورۇندا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، ۋاقتىدا تۈزىتىشنىڭ ئۆزى يوقىتىش بولماستىن، بەلكى پايدا ئالغانلىق. پايدا دېگىنىمىز، ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدىغانلىقىمىز ۋە ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت. ئەگەر يوقىتىشمۇ بولىدۇ دېسەك، پەقەت ئۆز تەرەققىياتىمىزغا توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان ۋە پارتىيە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق قىلىۋاتقان نەرسىلەردىنلا ئايرىلىپ قالىمىز، بۇنىڭ نېمىسى يامان. بۇ يەردە بىر تۈپ مۇۋەققە مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ چوقۇم پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن مۇھىم دېگەن مەيداندا ھەقىقىي تۇرۇپ، پارتىيىۋىلىكنى، پرىنسىپنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. بۇ تەلەپ بويىچە ئىش قىلىپ، ساغلام بولمىغان ئىدىيىلەرنى چۆرۈپ تاشلىساق، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش تەسكە چۈشمەيدۇ.

پارتىيىمىز تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا خۇددى ئادەم ھاۋا ۋە سۇغا موھتاج بولغاندەك موھتاج. بۇ ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، ساغلام كەيپىياتنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل پاسسىپ ئامىللارنى يېڭىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، رەھبەرلىك قىلىش قابىلىيىتىمىز ۋە خىزمەت سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، سەۋەنلىكنى ئازايتىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيىنى ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەپ، قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ چىقىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قولىغا ئېلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئاكتىپ ۋە قەتئىي ھالدا قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانى ئورنىتىلىپ بولدى، ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم فاڭجېنلىرىمۇ بەلگىلىنىپ بولدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىمىز دولقۇنلار يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان كېمىدەك 21-ئەسىرگە قاراپ ئىلگىرىلە-

ـمەكتە. دۆلتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشى ھەل قىلغۇچ پەيتتە تۇرماقتا. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى بېتەكچى قىلىپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئۇچ چوڭ ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ھەققىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇسابىقىگە ئاتلىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كاشىلىلارنى يوقىتىپ، سوتسىيالىسـ تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرەيلى!

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**كاملجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى

**جاڭ دىڭخۇا**

كىمگە تايىنىش مەسىلىسى ئىنقىلابتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدىمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "ئىشچىلار سىنىپى دۆلىتىمىزنىڭ خوجايىنى، شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ خوجايىنى." "پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش كېرەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ." دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدىمۇ بۇ نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت ۋە كارخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت توپ يېتەكچى فاكچېىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت ۋە كارخانىلارنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش دۆلىتىمىزدە ئەسلىدە گەپ سىغمايدىغان مەسىلە ئىدى. لېكىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ماباينىدە، بەزىلەر بۇ ھەقتە گۇماننى ئوتتۇرىغا قويىدى، بەزىلەر، ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلار-دىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىمۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭلاشقا، يېڭى ۋەزىيەتتە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى، كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ھەمدە ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەم دۆلەتنىڭ خوجايىنى ھەم كارخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. بۇ ئىسلاھاتنىڭ توغرا يۆنىلىشتە ۋە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت ۋە كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇش-بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، ئاساسەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلىنىدۇ. بىز ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھەم دۆلەتنىڭ خوجايىنى ھەم كارخانىنىڭ خوجايىنى دېگىنىمىزدە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئاساسىمىز بار:

بىرىنچى، بۈنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش خاراكتېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنى ئومۇمىي پروگراممىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت." ئاساسىي قانۇن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش ئورنىنى ۋە ھوقۇقىنى سىياسىي جەھەتتىن، قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كىمنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئورنىنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، مەھسۇلاتنىڭ تەقسىم قىلىنىش پرىنسىپىنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە جەمئىيەت ئاساسىي تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ئېلىمىز خەلقىنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ۋە ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىۋاستە بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتنىڭ ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغىمۇ خوجايىن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، بۈنى دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مۈلۈكچىلىكىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى ئورنى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مۈلۈكچىلىك-

نىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماركسىزم، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا، ئىشچىلار ياللانغان قۇلمۇ ياكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خوجايىنىمۇ، ماددا ئادەمنى ئىدارە قىلامدۇ ياكى ئادەم ماددىنى ئىدارە قىلامدۇ — مانا بۇلار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دۆلەت كارخانىلىرىنى، كوللېكتىپ كارخانىلارنى ۋە ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ بىرلەشكەن ئەمگەكچىلەر ئورتاق ئىگىلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلەشكەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بىۋاستە بىرلىشىشىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ نۇقتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يەنى كارخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر خىل قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر، دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردۇر، ئۇنىڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پەقەت كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگىلا تەۋە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تەۋە، كارخانىنىڭ ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نەچچە يۈز مىليوندىن بىرسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، شۇڭلاشقا، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى كارخانىنىڭ خوجايىنى دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ خاتالىقى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ شەخسىي مۈلكىنىڭ بىرلەشمىسى، شەخسلەر ئومۇم مۈلكىدىن بىر ئۈلۈشنى بىۋاستە ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇلار مۈلۈكدار، كارخانا خوجايىنى بولىدۇ دەپ قاراشتا. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا بۆلۈپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىرلىشىشى ھەربىر ئەمگەكچى ئىگىلىكىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ بىرلىشىشىگە باراۋەر ئەمەس. كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزى ئەمگەكچىلەردىن بولمىغانلىقتىن، كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسىي كاپىتالىنىڭ بىرلىشىشى، قانداق شەكىلدە بولۇشىدىن ۋە كۆلىمىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەربىر كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرلىشىشى بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر ئۈلۈشىگە شەخسەن ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلمايدۇ، بەلكى پۈتكۈل ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئىگىدارچىلىق قىلىش ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا "ئىنتايىن ئاز" بولماستىن، بەلكى ھەممىگە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئەمگەكچى نۇقتىسىدىن

ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك ”غۇۋا“، ”خىيالىي“، ”مەۋھۇم مۇلۇكچىلىك“ ئەمەس. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىنىڭ قارىمىقىدا مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ۋە باشقا ئىقتىسادىي بىرلىكلەر بار، ھەربىر كارخانىنىڭ قارىمىقىدا يەنە سېخلار، گۇرۇپپىلار تاكى ھەربىر ئەمگەكچىگىچە بار، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، ئىگىلەش ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقى، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقى، پايدا ئېلىش ھوقۇقى قاتارلىقلار مەلۇم ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئارقىلىق، مەسىلەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى نىسپىي ئايرىش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشىغا ئائىت ھەر خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى، تەننەرخ ھېساباتى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەشغۇلاتتىن تارتىپ تاكى مەھسۇلاتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، پايدىنىڭ بۆلۈنۈشىگىچە، قەۋەتمۇقەۋەت ھەربىر ئەمگەكچىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېنىق ھالدا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە مەھسۇلاتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، ئىستېمال قىلىنىشى جەريانلىرىدا **”بىرلەشكەن ئىجتىمائىي شەخسلەر مۇلۇكچىلىكى“**بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 48-توم، 21-بەت). ئۇ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان ”شەخسىي ئـادەم“ نىڭ ياكى ”يەككە، يالغۇز ئادەم“نىڭ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكى بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتۇر. دەرۋەقە، بۇ خىل ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى جەمئىيەت، كوللېكتىپنى بىرلىك قىلغان دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ دەل ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بىز ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق مەسىلىسىنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن تۇرۇپ تونۇشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىز، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىككە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ھەم ئەمگەكچى ھەم ھەقىقىي ئىگىدارچى بولۇپ، كارخانىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلاردىكى ۋە ئومۇم مۇلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بەلگىلىگەن.

ماركسىزملىق مۇلۇكچىلىك نەزەرىيىسى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مۇلۇكچىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت ئادەم بىلەن ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىلا يىغىنچاقلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئادەم بىلەن ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلەنگەن ئادەملەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. كاپىتالىستلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىللىۋېلىش مۇناسىۋىتى ياللۇي-لىنغان ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى ھەقسىز ئىگىللىۋېلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا كاپىتا-لىستلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش، ئېزىش بىلەن ئېزىلىش ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتتۇر. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردا ۋە ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، جۈملىدىن دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى) بىلەن ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يولداشلارچە، تەڭ-با-راۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىش تەقسىم قىلىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش-ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە زىددىيەتلەر تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولۇش ئاساسىدىكى پەرق ۋە زىددىيەتلەردۇر، بۇلارنى دېموكراتىيە ۋە مەسلىھەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ماركسىزم، ئەمگەك قىممەتنى، دۇنيانى يارىتىدۇ، **”پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىشچىلار، ئەمگەكچىلەردۇر“** («لېنىن ئەسەرلىرى» يېڭى نەشرى، 36-توم، 346-بەت) دەپ قارايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش دېگەنلىك ئالدى بىلەن ئىشچىلارنى، ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك بولسا ئالدى بىلەن ئىشچىلارنىڭ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشتىن ئاخىر كارخانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى»، «كارخانا قانۇنى»، «ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن-نىزاملاردا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇقلىرى بەلگىلەنگەن.

تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردا، ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ياراتقان مەھسۇلاتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىگە نىسبەتەن سۆزلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئىگە بولىدىغىنى پەقەت ”ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتى“دىنلا ئىبارەت بولۇپ، باشقا پايدىنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلارنىڭ يانچۇقىغا كىرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساد-

نىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە پايدىسى ئاخىرقى ھېسابتا پەقەتلا بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىغا ۋە ھەر بىر ئەمگەكچىگە مەنسۇپ بولىدۇ، بىر قىسمى شەخسلەرگە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا جامائەت جۇغلانمىسى ۋە جامائەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەمگەكچىلەر ئورتاق ياكى ئايرىم بەھرىمەن بولىدۇ، دېمەك ئېكسپىلاتاتسىيە ھەققىي رەۋىشتە يوقىتىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەۋزەللىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقىلار ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى پەقەت دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كارخانىنىڭمۇ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئۆزگەرتمىدى.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ۋە خوجايىنلىق ئورنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ تۈپ سىياسىي پرىنسىپ مەسىلىسى بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا قىلچىلىك تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.“ ”سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندىن بېرى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى زادىلا تۆۋەنلەتمىدۇق، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى رەھبەرلىك ئورنىنىمۇ زادىلا ئۆزگەرتمىدۇق.“ بىز ئورنىتىۋاتقان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك: ”بىر بولسا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، بىر بولسا ئورتاق بېيىش، بۇ بىزنىڭ چوقۇم چىڭ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك پرىنسىپىمىزدۇر.“ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ بازار رىقابىتىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش—مانا بۇلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىچكى تەلىپى. بۇ دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۈلكىدە باشتىن ئاخىر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى، سانائەت كارخانىلىرىنى كونترول قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىگە يېتەكچىلىك رولىنى ئويناۋاتقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ توغرا يۆنىلىشى ۋە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇش ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتىن مەقسەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىنى تېپىپ چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، كارخانىلارنىڭ كونكرېت دۆلەت مۈلكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەكلى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا بولۇش خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا، بەزى كارخانىلار پاي تۈزۈمىنى يولغا قويىدى، بەزىلەر پايچېكلارلا كارخانىنىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بولسا پەقەت ياللانما ئەمگەكچى دەپ قارىماقتا. بۇ خىل قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شېرىكسىز شىركەت ۋە ئىككىدىن ئارتۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سوبيېكت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىركەتلەرنىڭ قانۇنىي ئىگە مال-مۈلكىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسەن دۆلەت مۈلكى، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي خەلقنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن كارخانىنىڭ شۇ قىسىم دۆلەت مۈلكى بىلەن ئەڭ زىچ بىرلەشكەن بىر بۆلەك، شۇڭا ئۇلار كارخانىنىڭ خوجايىنى؛ دۆلەت مۈلكى پاي چېكىنى كونترول قىلىدىغان ياكى پاي قوشقان، ئومۇم مۈلكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئارىلاشما مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلاردا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنىش خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. شۇڭلاشقا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش شەكلى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قاراپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا، سوتسىيالىستىك كارخانىلار بىلەن كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ تۈپ پەرقىنى يوقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈۋشىمىز كېرەككى، دۆلەت مۈلكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا قايسى خىل شەكىل يولغا قويۇلسۇن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرمىسىلا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەم دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش، ھەم كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇش ئورنىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ ھەم ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بەزىلەر خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويماقچى بولسا، ئۇ ھالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان بولماي قالىدۇ، ئۇنداقتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت ۋە كارخانىلاردىكى خوجايىنلىق ئورنى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئىش راستىنلا يۈز بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. بەزىلەر زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئەنئەنىۋى ئەمگەك، تەقسىمات ۋە كاپالەت تۈزۈملىرى ئىسلاھ قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك توختىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىشچى-

خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇشتىن قالدى، دەپ قارىماقتا. بۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا بولغان بىر خىل خاتا قاراشتۇر. ئەمگەك توختىمى دۆلىتىمىز قانۇن شەكلى ئارقىلىق ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇ- رۇشتا قوللىنىدىغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇ كارخانا بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ هوقۇقىنى قانۇنىي كاپالەت ئاساسىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك ئۇچۇن ئىشچى ئىشلىتىشنىڭ كونكرېت شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

بەشىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى، ئىشلەپ- چىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بولغان بىرلىشىشىنى تېخىمۇ زىچلاشتۇردى.

ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، كارخانىلار مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى بولمىغانلىقى، ھەم قانۇنىي ئىگە تېپىدىكى گەۋدە ۋە بازار رىقابەت ئاساسىي گەۋدىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقى يوق ئىدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش هوقۇقىنى يۈرگۈ- زۈشتىكى ئاكتىپلىقىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا بولسا، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلار ھەقىقىي قانۇنىي ئىگە تېپىدىكى گەۋدىگە ۋە بازار رىقابەت ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئىگە مال-مۈلكىگە قارىتا مۇستەقىل ئىگىلەش، باشقۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قىممەتنى ساقلاش-ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ ھال ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ قويۇق بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇلار كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، پايدا-مەنپە- ئەت ۋە خېيىم-خەتەرلەردە ئورتاق بولىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئۆزگەرتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. بەزىلەر، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لا كارخانىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدا جىڭغا توختىغىدەك ئورنى يوق،

دەپ قارىماقتا. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر. سوتسىيالىستىك كارخانىلاردا، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىشلىرىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ ئوخشاشلا كارخانىنىڭ خوجايىنى، ئۇلار كارخانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، كارخانىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ، كارخانىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى بىلەن كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىنىڭ مۈلۈك هوقۇقى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ھەقىقەتەن بىر قەدەر چوڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، بۇ خىل ھوقۇق زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ، كارخانا مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش-ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى خېيىم-خەتەرلەرنىمۇ زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئورتاق زىممىسىگە ئالىدۇ. «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى»دا زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور) كارخانىنىڭ قانۇنىي ئىگە ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كارخانىنىڭ پايدا ۋە زىيىنىغا نىسبەتەن بىۋاستە ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بولسا، كارخانىنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە، كارخانىنىڭ پايدا-زىيىنىغىمۇ مۇناسىپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇڭا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى بىلەن زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور)نىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوماندانلىق قىلىش ئورنىنى ئورگانىك بىرلەش-تۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغاندىلا، كارخانىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنى مەسىلىسىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىسى، بولۇپمۇ چوڭ ئەمەلىيەت مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، چوقۇم ئۇلۇغ رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

**(ئاپتور: مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كاملجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ زور نەزەرىيىۋى نەتىجىلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرايلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى

لى جۈنرۇ

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا 20 يىل بولدى. خەلقىنىڭ بۈنداق ئۇلۇغ داھىيسى ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستازىنى ئۇنىڭ ئىلمىي ئىدىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ئەسلىسەك ئەڭ ياخشى ئەسلىگەن بولىمىز. ھازىر مەرھۇم ماۋ زېدۇڭنىڭ روھىغا شۇنداق تەسەللى بېرەلەيمىزكى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، نەزەرىيىۋى يېڭىلىقلار-نى يارىتىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بۈگۈنكى كۈندە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ نەتىجىلەرنى يۈز ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا نۇرلاندۇر-ماقتا.

## ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى نەتىجە

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ۋە نەزەرىيىۋى ئىجادچانلىققا باي جۇڭگو كومپارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: "پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيە سېپىدىكى يۈكسەك ۋەزىپىسى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى تارىخىي، ئىلمىي ھالدا تونۇپ،

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.» شۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەرزىيدۇكى، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىن قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ھەمدە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈن پارتىيىنى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خادىملىرىنى يېتەكلەپ ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىشتۇر.

بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۆزئارا باغلىنىدىغان، ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولغان مۇنداق ئىككى نەزەرىيىۋى ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، «ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى تارىخىي، ئىلمىي ھالدا تونۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەش»تىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ئۇزاقتىن بۇيان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ھەتتا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى پارچىلىۋېتىدىغان، بۇرمىلايدىغان خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىككى ئومۇمەن» فاڭجېنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇنداق خاتالىقنى داۋاملاشتۇردى؛ ئۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش داۋامىدا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىدىغان، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھالبۇكى پارتىيە ئىچىدىكى ئايرىم يولداشلار بۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ خەۋپىنى ئېتىراپ قىلماقتا يوق، ئۇنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مەلۇم دەرىجىدە قوللىدى. مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى خاتا خاھىش ۋە خاتا پىكىر ئېقىمى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئىنتايىن زور خەۋپ كەلتۈردى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىدى ھەمدە روشەن ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرىغا، پۈتكۈل ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ئىلمىي، تارىخىي ھالدا تونۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. قايتا-قايتا تەتقىق قىلىش، ئىدىيىنى قايتا-قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللىنىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى قوغدالدى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ئۇزاق مۇددەت يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ بۇ زور تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تامامەن توغرا، بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

بۇ قارارنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇھىم تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى خاتالىقى ئىلمىي ھالدا پەرقلەندۈرۈلگەن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن جېنى شەرھلەنگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، 1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان، ساناقسىزلىغان ۋىجدانلىق كىشىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، باتۇرانە كۆرەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يېقىنقى زامان جۇڭگوسىنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانىدى؛ ماركسىزم-لېنىنىزم جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش داۋامىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى دۇنياغا كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو خەلقى روھىي جەھەتتە پاسسىپ ھالەتتىن تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتتى، بىراق چېن دۇشيۇدىن ۋاڭ مىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىگە ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بولغان چۈشەنچە تېخى بىرلىككە كەلمىگەن بولغاچقا، يېقىنقى زامان جۇڭگوسىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى تېپىلمىدى؛ يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قايتا-قايتا ئىزدىنىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا، بىرىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بەرپا قىلىش نەتىجىسىدە، ئاندىن جۇڭگو ئىنقىلابىنى يېتەكلەپ، تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزدە سوتسيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتەكچىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتتا، مۇشۇنداق ”جۇڭگونىڭ ماركسىزمى“لا پارتىيىمىزنىڭ ”بىردىنبىر توغرا يېتەكچى ئىدىيە“سىدۇر، دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، يولداش ليۇ شاۋچى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى، ئاساسلىقى يېڭى دېموكراتىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى توققۇز جەھەتتىن يىغىنچاقلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن يېڭى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر قوشۇلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى ئۈستىدە چىقىرىلغان يەكۈن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بەرپا قىلىنغاندىن بۇيان مۇشۇ ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېما ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەڭ ئەتراپلىق يەكۈندۇر.

ئىككىنچى، ”ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرۇش“تىن ئىبارەت. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سىنىپىي كۈرەشتىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى، بۇ ھال يېڭى بىر مەيدان ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1978-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 9-قۇرۇلتىيىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بۇ — ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب. بۇ ئىنقىلابتا ھازىرقى قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن، ئۇ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۈستقۇرۇلمىنى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە دۆلەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ھەر جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ، زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرماي بولمايدۇ.“ روشەنكى، بۇ تامامەن يېڭى ھەم مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپە ئىدى، بۇ ھال نەزەرىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، مەدەت بېرىشىنى، ئىلگىرى سۈرۈشىنى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىنى مۇقەررەر يوسۇندا تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي دوكلاتى بولغان «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن نۇتۇقتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار چوقۇم ئۆگىنىشكە، يېڭىباشتىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك“ دەپ چاقىرىق قىلدى. كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرى نەزەرىيە خىزمىتى

بويىچە چاقىرىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، ئۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى خىزمەت خادىملىرىمىز ”جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلسا، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە جاۋابلارنى بەرسە، ماركسىزمغا زور تۆھپە قوشقان بولىدۇ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەن بولىدۇ.“ ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ”بۇ- ئىنتايىن زور ۋەزىپە، ھەم زور سىياسىي ۋەزىپە، ھەم زور نەزەرىيىۋى ۋەزىپە. بۇ ھەرگىز بۇرۇنقى كىتابلاردىكى نېمىلەرنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپلا كۆچۈرۈپ قويۇش بىلەن ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي مۇتەپەككۇرلەردىن تازا ئەجىر قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئالىيجاناب، ئىجادىي، ئىلمىي خىزمەت.“

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر تەرەپتىن پۈتۈن پارتىيىنى يېتەكلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بويىچە ئىجادىي ئەمەلىيەتنى يولغا قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە جەھەتتىن يېڭىلىق ياراتتى. دېمەك، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش داۋامىدا، پارتىيىمىز توغرا قۇرۇلۇش يولىنى تاپتى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بەرپا قىلىندى-دە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرى خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچىدىغان غايەت زور سىياسىي جاسارىتىگە ۋە ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى يارىتىدىغان غايەت زور نەزەرىيىۋى شىجائىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. 14-قۇرۇلتايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە

جوڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، دەپ كۆرسىتىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىقى ئىككى نەزەرىيىۋى نەتىجە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دائىر مول مەزمۇنلۇق بىر قاتار نەزەرىيىلەرنى شۇنىڭدەك ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەممىگە باب كېلىدىغان ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلغان ۋاقىتتا بۇ مەزمۇنلارغا ۋارىسلىق قىلىنغان ھەمدە ئۇ داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز ماركس، لېنىنلارنىڭ ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى داۋاملىق ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇيمىز، لېكىن بىز بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلىشىمىز كېرەك. 14-قۇرۇلتايدا، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتا، داۋاملاشتۇرۇش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ۋە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى داۋاملاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

## ھەممىدىن مۇھىم، ئاساسلىق بولغان بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى نەتىجىنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇكى، پارتىيىمىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن ھەممىدىن مۇھىم، ئاساسلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئاساس خاراكتېرلىك زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى.

ھەقىقىي ماركسىزمچى بولغان يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونى سوتسىيالىزمنىڭلا قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنى تۇرغۇن، تەنھا تەتقىق قىلىدىغان ئۇسۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىدە زور ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەندە، سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇش ئۈچۈن، بىلىشىمىزنىڭ نەرىدىن چاتاق چىققانلىقى ئۈستىدە

يېڭىباشتىن ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان دەسلەپكى چاغلاردا، يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى تىرىشىپ يەكۈنلەپ، «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا»، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن شانلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان سانائەتلەشتۈرۈش يولى ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشتا تۆلەيدىغان بەدىلىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكىدىن ئاز بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق ”چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش“ ھەرىكىتى ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت خاتالىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردە سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك بىلەن ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىنىڭ چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان خاھىش ساقلانغانلىقىنى، مۇلۇكچىلىك مەسىلىسى، تەقسىمات مەسىلىسى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىدە باسقۇچتىن ھالقىيدىغان خام خىيال مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سەزگەن. 1960-يىل 6-ئاينىڭ 18-كۈنى «ئون يىللىق خۇلاسە»دە، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پەلسەپە نۇقتىسىدىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا بولغان تونۇشىمىزدا خېلى چوڭ قارىغۇلۇق بار، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تېخى بىلىپ بولالمىغان زور بىر زۆرۈرىيەت ئالىمى تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئۇنى تېخى چوڭقۇر بىلىپ كەتكىنىمىز يوق. بىز ئىككىنچى ئون يىللىق ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ ئەسلى قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.“ يولداش ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىر قاتار يىغىنلارنى چاقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىنى يېتەكلەپ، خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەرنى تىرىشىپ تۈزەتتى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا يولۇققان زىددىيەتلەرنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ پۈتۈن پارتىيىنى ”چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش“ ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە شۇنچە كۆپ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ماھىيەتتە ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىغانلىقىمىزدىن بولدى دەپ ئەسكەرتتى. مەسىلەن، 1961-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”جېڭجۇدا ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق يىغىن ئالدىراش چاقىرىلىپ قالغان، شۇ مەزگىللەردە مېنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە بولغان تونۇشۇم تازا يېتەرلىك

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى.» «بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىسى سوتسىيالىزمنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، نېمىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.» «3-ئايدىكى گۋاڭجۇ يىغىنى بىلەن 5-ئايدىكى بېيجىڭ يىغىنىنى چاقىرىش نەتىجىسىدە بۇ يىلقى ۋەزىيەتتە ئۆتكەندىكىدىن كۆپ ياخشىلىنىش بولدى. ھازىر يولداشلار ئىدىيىدە ئازاد بولدى، يولداشلارنىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلىدى.» 1961-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى، لۇشەندىكى مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا، ئۇ مۇنۇلارنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئېسىگە سالدى: دېموكراتىك ئىنقىلابتا نەچچە ئون يىللىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردۇق، جۈملىدىن بىرمۇنچە خاتالىقلارنىمۇ سادىر قىلدۇق، بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇپ قالدۇق؛ «سوتسىيالىزمغا كەلسەك، ئۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز. خەلق گۇڭشېسى خىزمىتىگە دائىر '60 ماددا' دا مۈلۈكچىلىك، تەقسىمات ۋە ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلەنگەن، بۇنىڭ ھەممىسىدە سوتسىيالىزمنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەن مەسىلە بايان قىلىنغان. بۇ مەسىلە زادى قانچىلىك ھەل قىلىندى، سىلەر بۇنىڭ يولىنى تېپىۋالدۇق دەۋاتىسىلەر، مېنىڭ تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ»، «سوتسىيالىزم توغرىسىدا ھازىر بىز ئاز-تولا تونۇشقا ئىگە بولۇپ قالدۇق، لېكىن يەنىلا ئانچە ئەمەس. بىز سوتسىيالىزمنى بولغا قويۇشتا، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىمىز، سوتسىيالىزمنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزم توغرىسىدا تەجرىبىگە ئىگە بولالايمىز.» بۇ بايانلاردىن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتتىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىز سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا بەلگىلىگەن، پارتىيىمىز دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىسىدە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن مەسىلە ئانچە ئايدىڭ بولماي كەلگەنىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۆز ۋاقتىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك كوممۇنىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە باراۋەر ئەمەسلىكىنى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا خەلق گۇڭشېسى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك-

نىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى باشلانغۇچ كوپېراتىپقا باراۋەر كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈرۈلۈشى، قالدۇرۇق يەر قاتارلىق ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلۇشى لازىملىقىنى كۆرسەتتى؛ سوتسىيالىستىك تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش بولماستىن، بەلكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى؛ سوتسىيالىزمدا پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلسىمۇ، لېكىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى بىكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، قىممەت قانۇنىيىتى بىر چوڭ مەكتەپتۇر، دەپ قارىدى. ”سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىدا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى بايان قىلىنغاندا، بۇ مەسىلە يىغىنچاق سۆز بىلەن بىرقەدەر ئەتراپلىق شەرھلەندى. بۇ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزدىنىش داۋامىدا ئېرىشكەن نەتىجىسىدىن ئىبارەت. لېكىن، ئىزدىنىش داۋامىدا يۈز بەرگەن ”سول“چىللىق خاتالىقى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ ماڭغانلىقى، ئاخىر بېرىپ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى قوزغاشتەك خاتالىق يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان توغرا ئىدىيىلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بولمىدى.

”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت ئۆلچىمى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىدە ۋە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش داۋامىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پۈتمىگەن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىملىقىنى يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسىي نەزەرىيە مەسىلىسى دەپ ھېسابلىدى. ئۇ پارتىيىمىزنى مول تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە يېتەكلەپ، بىر قاتار يېڭى تونۇشلارنى ھاسىل قىلىپ، بۇ توپ مەسىلە جەھەتتە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇردى.

”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە“ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭغا ئوخشاشلا سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈملىرى ۋە باشقا تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش لازىملىقىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىش شەكلى يەنى تۈزۈلمىسىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر ئىسىم ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئىش ئەپلەشتۈرۈلمىسە، توغرا چۈشىنىلمىسە، توغرا سىياسەت قوللىنىلمىسا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى نامايان

www.uyghurkitap.com

قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى؛ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ، بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە قاتارلىق تۈزۈلمىلەرنى ئىسلاھ قىلىشىمىزنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ قانداق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھۆكۈمدە سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىيىتى بىلەن ئالاھىدىلىكى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە“ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق ۋە تەرەققىيات تەكشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي تەقسىمات ئۇسۇلى قىلىشقىلا بولىدىغانلىقى، يەنە باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر ۋە تەقسىمات شەكىللىرىنىڭ تولۇقلىما بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش لازىملىقى، بۇنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى، يەنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى ھەم تارىخىي ماتېرىيالىزم مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىلغارلىقى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىر قىسىم دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھ زاتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن چاغدىلا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شەرھلىگەنىدى، لېكىن كېيىن ”سول“ چىللىق ئىدىيىسى ئاستا ـ ئاستا ئەۋج ئېلىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ دۆلەت ئەھۋالى، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تارىخىي رولى ياخشى تونۇپ يېتىلمىگەنلىكتىن، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ”چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشتا بولسۇن، يەككە ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشتا بولسۇن، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.“ قىسقىسى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويىمىز، لېكىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە

قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز، ھەرگىزمۇ خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويمايمىز.

سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە ۋە بۇ ماھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمگە بولغان تونۇشقا ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشقا ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن مەسىلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويدى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە ۋە قاتناشنى، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ مېڭىش ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇشلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى توغرا بولىدۇ دېگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى، شۇنداقلا باشقا بىر قاتار مۇھىم ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ لايىھىلەپ چىققان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىدۇر، ئۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ، جۇڭگودەك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق مۇستەھكەملەش ۋە قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى.

## بىر "جەۋھەر"

ئىككى چوڭ نەزەرىيە ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش، ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى نەتىجىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىمىز شۇكى، پارتىيىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ تەشەببۇس قىلغان ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى.

جۇڭگودەك مۇشۇنداق يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق چوڭ شەرق دۆلىتىدە پرولېتارىياتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتا، نۇرغۇن ئالاھىدە ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئۇچرىشىمىز مۇقەررەر ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ پارتىيە ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ماركسىزمنى ئەقىدىلەشتۈرۈۋېتىدىغان، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قارارى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىدىغان خاتا ئېغىشلارنى يېڭىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بۇنداق روھىي كىشەنلەردىن ئازاد قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەننى تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ يەنئەندىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى ”ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بولالىشى، جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە باشلىيالىشى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىدىيىدە ئازاد بولغانلىقى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىكىدىن بولدى.

مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەنگە ئاساسلانغاندا، بىز مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا تەبىرنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم؛ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت داۋامىدا شەيئىلەرنى چۈشىنىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم؛ ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى سىنىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىشىمىز لازىم؛ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىملىقىنى، يېقىنقى زاماندا چەت ئەللەردىن كىرگەن مەدەنىيەتكە مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىملىقىنى، ماركسىزمغىمۇ مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلىپ سۆزلەيدىغان ماركسىزم پەقەت ئابستراكت قۇرۇق ماركسىزم بولىدۇ“، ”ئىلمىي پوزىتسىيە بولسا ’ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش‘، ’ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلايدىغان‘ ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلىدىغان ھاكاۋۇرلۇق پوزىتسىيىسىدە بولغانلار مەسىلىلەرنى ھەرگىز ھەل قىلالمايدۇ. مىللىتىمىزگە كەلگەن بالايىئاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىلا مىللىتىمىزنى ئازادلىق يولىغا يېتەكلىيەلەيدۇ.“

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يېقىن سەپدىشى ۋە شاگىرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ھاياتىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە تونۇغان. ئۇ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ تەشەببۇس قىلغان پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىدىيىۋى لۇشيەنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى

ئىلمىي سىستېمىسىدىكى ئورنىنى تونجى قېتىم كۆرسىتىپ بەردى، ”ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى—ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“ دەپ كۆرسەتتى. چۈنكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—پرولېتارىياتلىق دۇنياقاراشنىڭ ئاساسى، ماركسىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى؛ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ نۇقتىسى؛ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ جېنى؛ ”جەۋھەر“نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىزنىڭ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ توغرا ئىگىلىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ توغرا يول تاپتۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلالىشى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇغانلىقى، ھەر ۋاقىت ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا دىققەت قىلىپ تۇرغانلىقى، ئاممىنىڭ تەجرىبىسىنى ۋە ئىجادىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يىغىنچاقلاپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرىنى ۋە پۇرسىتىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىگىلەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى يول تاپقانلىقىدىندۇر.

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ مەڭگۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرالىشىدىكى گۆھەر. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ھازىر، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنە يېڭى باسقۇچقا كىردى، بىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتىمىز. بىز ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“تىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا ئۆتتۇق، تۇرغۇنلۇق، بېكىنمىچىلىكتىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشقا ئۆتتۇق، ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتتۇق، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا ئۆتتۇق، بۇ—تارىخى بۇرۇلۇش. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بىز ھەم ئاتا-بوۋىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ھەم يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك؛ ھەم

تارىخ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز، ھەم يېڭى تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان يېڭى ئەھۋاللارنى، يېڭى زىددىيەتلەرنى، يېڭى مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. شۇڭلاشقا، بىز ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇبيېكتىپچىلىق، قارىغۇلۇق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرىنى يېڭىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات مەسىلىسى، يېزا ئىگىلىكىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۈچىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم. پەقەت بىز قەتئىي، تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلىساقلا، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى جەزمەن باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

**(ئاپتور ج ك پ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسىدىن)**

**رىسالەت ئابلا**
**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا

يۈەن مۇ

جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش—ماركسىزمنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي پرىنسىپى، ماركسىزملىق پارتىيە تەلىماتى، دۆلەت تەلىماتىنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي پرىنسىپى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي پرىنسىپى. ئىشچىلار سىنىپىغا تايانمىغاندا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان پارتىيىنى قۇرۇشتىن، ھەقىقىي كومپارتىيىنى قۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپىغا تايانمىغاندا، ھاكىمىيەتنى غەلىبىلىك ھالدا قولغا كەلتۈرۈشتىن، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپىغا تايانمىغاندا، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشتىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپىغا تايانمىغاندا، بىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات ئارقىلىق ئاللىقاچان بەرپا قىلىنىپ بولغان سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن دەل مۇشۇنداق ئىنتايىن چوڭ مەسىلىگە بىر مەزگىل نەزەرىيىۋى جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا مەلۇم دەرىجىدە سەل قارالدى. بەزىلەر بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى، ياكى كەمدىن-كەم ئېغىز ئاچتى، ۋە ياكى ئۇنى خىيالىغمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى، ھەتتا بەزىلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇ پرىنسىپنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. مەسىلەن، ئىشچىلار سىنىپىمىز يەنىلا ئىجتىمائىي ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ؟ پارتىيىمىز يەنە ئىشچىلار سىنىپى ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرامدۇ-يوق؟ ھازىر مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەردىمۇ بەزىلەر گۇمانلاندى ۋە تەۋرەندى. ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلىي خىزمەتكە مەسئۇل بىر يولداش ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىملىق يىغىندا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا، خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرى ئىجتىمائىي ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى، چۈنكى ئۇلاردا مەبلەغ بار، ئۇلار تىجارەتكە ماھىر، كارخانا

www.uyghurkitap.com

كۆلىمىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنى ياللاپ ئىشلەتتى، بۇ، ئادەملەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ پايدىلىق، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ھەقلىق، ئۇلارنى قوبۇل قىلىش لازىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاۋۋال قوبۇل قىلىش لازىم، دېگەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەيدىغانلار ئايرىم كىشىلەردۇر. لېكىن پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇۋاتقانلار بىر-ئىككى ئادەملا ئەمەس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى كۆزقاراش مەلۇم قاتلامدىكى يىغىنلاردا ئاشكارا سۆزلەنگەندىن كېيىن، يەنە بەزى كىشىلەر قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ خىل كۆزقاراشنى قوللايدىغان كىشىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت لۇشيەن ۋە فاڭجېنلىرىنى ئاڭلىق ۋە قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ قاراپ باقايلى، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ياكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن بۇيان، تۈزۈم جەھەتتە بېكىتلىق يارىتىش ئارقىلىق زادى قانداق شەكىلدىكى كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغاندا، قانداق شەكىلدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرگەندە، قانداق كونكرېت، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندە، ئاندىن كەڭ ئىشچىلىرىمىزنىڭ كارخانىدىكى ھەقىقىي خوجايىنلىق ئېڭىنى كۈچەيتكىلى، خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەزى جايلار ئەمەلىي خىزمەتتە قانچىلىك ئويلاندى، قانچىلىك ئىشلىدى، ئىشلىگەندىمۇ قانداقراق ئىشلىدى؟ بۇمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلىدۇر. شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىزچىل تەكىتلىشى ۋە نۇرغۇن جايلار، تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى بىلەن بىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالىمىز ياخشى بولدى. لېكىن مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك، بەزى جايلار، تارماقلار ۋە كارخانىلاردا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى بىر خىل يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ يۈزلىنىش قانچىلىك كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنى بىز ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز، بۇنىڭ خاراكتېرىنى، سالمىقىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز لازىم.

1994-يىلى دۆلەت بايرىمىنىڭ 45 يىللىقى ھارپىسىدا، مەن بىرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بېيجىڭ،

تيەنجندىكى 20 نەچچە زاۋۇت، ماگىزىنغا بېرىپ، 50 نەچچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزاسى بىلەن سۆزلەشتىم. ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى بىردەك ماختىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ ئىنكاس قىلدى. ئىشچى يولداشلار، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشنى تەشەببۇس قىلىش پۇتۇنلەي توغرا، ئۇ ئىزچىل چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش، دەپ قاراشتى، لېكىن نۆۋەتتە ئالدىن بېيىغان كىشىلەر ئىچىدە سانائەت ئىشچىلىرى ئىنتايىن ئاز، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئۆزلۈكسىز ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەر بىلەن بولغان پەرقى چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن، سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كەلگەن. خېلى بىر قىسىم كارخانىلار ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ پىكرىگە سەل قارىغان ۋە ھۆرمەت قىلمىغان، بەزى كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى شەكىل ئۈچۈنلا ئېچىلغان، دۆلەتنىڭ سىياسەتنى تۈزۈشكە قاتنىشىش، سىياسەتنى مۇھاكىمە قىلىش ئورگانلىرىدىن، چوڭ تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدىن شۇنداقلا بەزى خەلق پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدىن سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغانلىرى بىرقەدەر ئاز بولغان، شۇڭا ئۇلار سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان. بۇرۇن تۇرلۇك خەۋەر تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىلغار ئىشچىلار ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمۇ كۆپ بولغان، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىشىلەر-نىڭ ئوبرازى ۋە ئىش-ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، لېكىن ھازىر تەشۋىق قىلىش ھەقىقەتەن ئازراق (بۇ جەھەتتە يېقىندىن بۇيان خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى). ئۇلار يەنە، كارخانىچىلار (ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ كارخانىچىلىرىمۇ ئىشچىلار سىنىپى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ)نىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ۋەزىپىسى مۇشكۈل، ئۇلارنى تەشۋىق قىلىشقا ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش لازىم، لېكىن ئاتالمىش ”بىر ئادەم بىر زاۋۇتنى قۇتقۇزۇپ قالدى“ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن شەخسلەرنىڭ رولى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ، دېگەنلەرنى ئىنكاس قىلدى. بەزى ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى ئىشچى يولداشلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت كارخانىلىرىغا ئىشچى بولۇپ كىرگەندە ئىنتايىن پەخىرلەنگەنلىكىنى ۋە شەرەپلىك ھېس قىلغانلىقىنى، ھازىر ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر ھەتتا بالىلىرىغا: ”ئەگەر يەنە ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆگەنمەيدىغان بولساق، كەلگۈسىدە سېنى زاۋۇتقا ئىشچىلىققا ئاپىرىپ بېرىمەن» دەپ «تەربىيە» بېرىدىغانلىقنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن سانائەت ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان. ھازىر شۇ قېتىمقى زىيارەتكىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى، دۆلىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرى تېزلىكتە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، بەزى مەسىلىلەر ئاللىقاچان ھەل قىلىنىپ بولدى ياكى ھەل قىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللار تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىلدىمۇ-يوق؟ بىز ھەرگىزمۇ يېنىكلىك بىلەن ھەممىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز، لېكىن بەزى ناچار يۈزلىنىشلەرگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم، چۈنكى ئۇمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر خىل پاكىت.

جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاپ قېلىشىنى ماركسىزمنىڭ بەزى ئاساسىي نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ خىرىسقا ئۇچرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ نەزەرىيە يەنە ھەم بىردىنبىر توغرا بولغان پرولېتارىياتلىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىمۇ-يوق؟ تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتقان، ئىجتىمائىي بايلىقنى ئەمگەك ياراتقان دېگەن بۇ نۇقتىئىنەزەر زادى پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ-يوق؟ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى—تاۋار دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر زادى توغرىمۇ، توغرا ئەمەسمۇ؟ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردا كارخانا بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى زادى ياللاش-ياللىنىش مۇناسىۋىتىمۇ؟ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە يەنە ھەم توغرىمۇ-يوق؟ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى يەنىلا ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان ، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتمۇ؟ ئەگەر بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پرىنسىپلىرى جەھەتتىكى مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىمىز توغرا، قەتئىي بولۇپ، ماركسىزمغا قارشى بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىساقلا، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش جەھەتتە نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ھېچقانداق گۇماندا بولمايمىز ۋە تەۋرىنىپ قالمايمىز. بىراق، ھازىرقى بەزى ئەھۋاللار ئۇنداق ئەمەس. مىسال كەلتۈرسەك، ماركسىزمنىڭ ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيىسى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، ئاتالمىش كاپىتال، يەر، ئەمگەك كۈچى ۋە تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئورتاق بايلىق يارىتىدۇ دەيدىغان ئامىللار قىممەت نەزەرىيىسى ھەققىدە بىر قىسىم كىشىلەر قايىنىشىپ كەتتى، ئۇنداقتا، مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى تەبىئىي ھالدا ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ، خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىگە (كاپىتالغا) قىلىنغان مۇئامىلە ئىشچىغا (ئەمگەك كۈچىگە) قىلىنغان

مۇئامىلە بىلەن ئوخشاش بولۇشى ھەتتا ئۇنىڭدىن ياخشى بولۇشى كېرەك دەيدىغان قاراش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش دېگەن ئاساسىي فاكچىن ئەلۋەتتە قەدىرسىز نەرسىدەك تاشلاپ قويۇلىدۇ. ماركسىزم ئېچىپ بەرگەن كاپىتال ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ سىرى بولغان قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنىمۇ بەزى كىشىلەر ئىنكار قىلدى، ئېزىش ۋە ئېزىلىش مەسىلىسى ئىدىيە جەھەتتە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى، بۇنداق ئەھۋالدا، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش پرىنسىپىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا خىرىسقا ئۇچرىشى مۇقەررەر ۋە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىش. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشىنى، سىياسەتنى تەكىتلەشتىن مەقسەت پارتىيەنىڭ ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى؛ سىياسەتنى تەكىتلەشتە، بەزى چوڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىش، ھەممىدىن ئاۋۋال ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى نەرسىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىملىقىنى كۆپ تەكىتلىدى. مېنىڭچە، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن قاراتمىلىقى بار سۆز.

بىزنىڭ بۈگۈن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش مەسىلىسىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىشىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن رېئال مەقسىتىمىز ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋە زورايتىشتىن ئىبارەت. دۆلەت كارخانىلىرى مەملىكىتىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئاساسى؛ دۆلەت كارخانىلىرى يەنە ئىشچىلار سىنىپى ئەڭ مەركەزلەشكەن جاي، كومپارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلىك ئورنىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە كۈچىيىشىدىكى ئاساسلىق جېنىدۇر. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن قانداق بولۇشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چوڭ سىياسىي مەسىلە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھات ئارقىلىق زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلپىگە ماسلىشىپ، بازار رىقابىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىشى لازىم، بۇنىڭدا قىيىنچىلىق كۆپ، ۋەزىپە مۇشكۈل، شۇڭا كۆزقاراشنى يەنىمۇ يېڭىلاشقا، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا، داددىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بايرىقى روشەن ھالدا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى

توسۇش، ئۇنىڭغا ھەم قارشى تۇرۇش لازىم. باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانداق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەملىكىتىمىزنىڭ شارائىتىدا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلسا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى تۈپ يىلتىزىدىن ۋەيران بولىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسىي جەھەتتىن ۋەيران بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىزنىڭمۇ ۋەيران بولغانلىقى بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق ياخشىلاش، جانلاندۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر شەرت ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشى ۋە ئاكتىپ قوللىشىنى جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت؛ ۋەھالەنكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھات ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تۈزۈم، يېڭىلىقلار ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لۇشيەننى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. بۇ بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركەزدىكى ئاساسىي رەھبىرىي يولداشلار يېقىندا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشنى نەزەردە تۇتۇش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بۇ پۈتۈنلەي توغرا. بىز بۇنىمۇ توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىنى بىر ئادەمنىڭ تېنى دېسەك، دۆلەت ئىگىلىكىنى تەشكىل قىلغان دۆلەت كارخانىلىرى ئۇنىڭ ھۈجەيرىسىدۇر. ھۈجەيرىلەر ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدىغان بولسا، ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ ئاجىزلىشىدۇ ھەتتا ئاخىرلىشىدۇ، شۇڭا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش، جانلاندۇرۇش پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاش، جانلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئەتنىڭ قانۇنى بويىچە ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى يەنە مۇقەررەر ھالدا ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا دۆلەت ئىگىلىكىنى دۆلەت ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاش، جانلاندۇرۇشتا يەنە ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت داۋامىدا ياخشىلىرىنى تاللاش، ناچارلىرىنى شاللاشنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بىرلىشىشىنى تېزلىتىش، ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانا گۇرۇھلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۆلەملىك ئۈستۈنلۈك ۋە ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇش لازىم، بۇ ئاساسلىق ئىش؛ ئىككىنچىدىن، ۋەيران قىلىش مېخانىزمىنى قوللىنىپ، ئۇزاققىچە تىجارىتى ياخشى بولمىغان ۋە زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئوڭشىلاشتىن ئۈمىد بولمىغان ئاز ساندىكى كارخانىلارنى قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىش، شۇنداقلا دۆلەت ئىختىيارىدا بولۇش ئەپسىز ئاز ساندىكى كىچىك كارخانىلارنى ئىجارىگە بېرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ۋە سېتىۋېتىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. بۇنداق قىلىش ئاتالمىش خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن تۈپ

جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت دۆلەت مۈلكىنىڭ مۇۋاپىق يۈرۈشۈش ۋە قايتا بىرىكىشى ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى ستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، دۆلەت ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئومۇم ئىگىدارلىقىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

يېقىندا، دۆلەت كارخانىلىرىنى شىركەت تۈزۈمى بويىچە پاي چېكى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئۆزگەرتىش بايان قىلىنغان بىر ماتېرىيالنى كۆردۈم، ماتېرىيالدا مەنپەئەت ئاساسىي گەۋدىسى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئالاھىدە تەكىتلەنگەنىكەن. ماتېرىيالدا: پايچىككە ۋەكالىتەن ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مۇدىرىيەت ئەزالىرى دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئاشۇرۇلۇشىغا ياكى كارخانا پايدىسىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلغان دىرېكتورلار قاتلىمى كارخانىدىن ئىبارەت بۇ سورۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بولسا ئەمگەك كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ۋە پاراۋانلىق تەمىناتىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇڭا، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئۆزئارا تەڭپۇڭلىشالايدىغان ۋە بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرالايدىغان كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ”پارتىيە ۋە دۆلەت نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىمىز، قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلىمىز“ دەيدىغان بىر تۇتاش رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئورنىغا دەسسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، دېيىلگەن ھەمدە بۇ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىدىكى بىر چوڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارالغان. مەن بۇ يەردە بۇنداق قاراشنى ئومۇمىيۈزلۈك باھالىماقچى ئەمەسمەن، بەلكى پەقەتلا يەنە بىر نۇقتىدىن بۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقماقچىمەن. سوتسىيالىستىك دۆلەت كارخانىلىرى، جۈملىدىن شىركەت تۈزۈمى، پاي چېكى تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن دۆلەت كارخانىلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان تۈرلۈك خادىملار، ئۇلار باشقارما رەئىسى، باش دىرېكتور ۋە ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئوخشىمايدۇ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇقى ھەر خىل، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئىچىۋېتىلگەندىن بۇيان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ھېلىھەم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك. ئەگەر بىز بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ تولۇق دىققەت قىلالىساق، بۇ نۇقتىنى تەكىتلىيەلىسەك، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا جانلاندۇرۇشقا ۋە ياخشىلاشقا، ھەتتا سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولامدۇ-يوق؟ پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، كارخانىلار پارتىيە ۋە دۆلەت "نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان، قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلىدىغان" ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە كەلسەك، بۇنىمۇ كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. ھالقىلىق مەسىلە ئىسلاھات ئارقىلىق مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىشنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەم كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىۋال-ماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم كارخانىنىڭ ھەرىكىتىگە توغرا، ئۈنۈملۈك سىياسەت بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىغا كەلسەك، ھەممە جاي، ھەممە تارماق ۋە ھەممە كارخانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىل دېگەننى قىلىش، قىلما دېگەننى قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسەت-پەرمانلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر "پارتىيە ۋە دۆلەت نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىش، قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلىش"نى تومتاقلا، پىكىر يۈرگۈزمەيلا ئىنكار قىلغاندا، نۆۋەتتە خېلى زور دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان قىل دېگەننى قىلماسلىق، قىلما دېگەننى قىلىش ئەھۋاللىرى تېخىمۇ يامراپ كېتىدۇ، بۇنداقتا بارلىق خىزمەتلىرىمىز، جۈملىدىن ئىسلاھاتىمىز تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىشىمىزدىكى دەسلەپكى مۇددىئايىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن مەن يەنە باشقا بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم، يەنى ھازىر بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى كەڭ خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرگە نىسبەتەن گۇماننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەتتا ئۇنى بىۋاستە ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ستالىنلا تەكىتلەپ قالماستىن، بەلكى ماركس-ئېن-گېلس ئەسەرلىرىدىمۇ خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەن، مەسىلە، ئاساسەن، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئاساسى يوقلۇقىدا. ئەگەر چوقۇم "پايدىنى كۆپەيتىش" ياكى "ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش" ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، پايدىنى كۆپەيتىش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن مەقسەت نېمە؟ مەن بۇرۇنقى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىنى قوغلىشىشنى تەكىتلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىدەك ئېغىشنى تۈزىتىشنى ئىنتايىن قوللايمەن، لېكىن بۇ، خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ

ئىزدىنىش (تاللانما)

بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن زىددىيەتلىك بولماستىن، بەلكى بىردەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىز تۇرۇۋاتقان باسقۇچ ۋە مەركىزىي ۋەزىپىنى بەلگىلەشتە ئاساس قىلىنىدىغان مۇھىم بىر نەزەرىيىۋى ئانالىز قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچە-قىرىشنىڭ كەڭ خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋات-قانلىقى ھازىر جەمئىيىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسىي زىددىيەت دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر سوتسىيالىس-تىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقستى خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇنداق ھۆكۈم ئىنكار قىلىنسا، بىز قانداقمۇ مۇشۇنداق چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىدە قىل سىغمايدىغان قىلىپ سۆزلىيەلەيمىز؟ بىز ھازىر ئۇلۇغ ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۈزلۈكسىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىمىزغا، ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە ئىلمىي تەھلىل قىلىدىغان كەسكىن پوزىتسىيىنى ساقلاپ، ھەرگىزمۇ يېنىكلىك قىلماسلىقنى، سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىشىمىز لازىم.

بىز سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى ئەمەلىيەتتىن تەكشۈرىدىغان بولساق، ئىككى جەھەتتىكى ئازابلىق كەچۈرمىشىمىز بار ئىكەن. بىرى، قاتمال سوتسىيالىزم ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان مەغلۇپ بولغانلىق ساۋىقى؛ يەنە بىرى، ئىسلاھات داۋامىدا سوتسىيالىزم پرىنسىپى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئېلىپ كەلگەنلىك ساۋىقى. ئىسلاھاتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە ۋە فاكچىن بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئوخشاش بولمىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. دۆلىتىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ئاساسەن، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدە، پرىنسىپ ۋە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى، ھەم ھازىرقى جۇڭگونىڭ ۋە بىز تۇرۇۋاتقان دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى ۋە داۋاملىق ئېرىشتۈرىدۇ. شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر ئىسلاھاتنى بىزدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، گورباچېۋمۇ ”ئىسلاھات“نى تەشەببۇس قىلىپ تەختكە چىققان، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك غەربچىلەشتۈرۈش، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنغانلىقتىن، كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلاھات قارىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ روشەن ئىپادىسى، ئۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پەرىزى ئەمەس. بىزنىڭ ئىسلاھات ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىي قۇرۇلۇشتۇر، چۈنكى ئۇ ھەم ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ قاتمال ئەندىزىسىدىن ئۈزۈل-كېسىل خالىي، ھەم نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بازارغا مەبلەغلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسىي خاراكتېرلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىشى، ھەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالىشى كېرەك؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە، ئورتاق بېيىشنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى نىشان قىلىشى لازىم؛ دۆلەتنىڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدىكى، مۇكەممەل قانۇن-قائىدە ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرىدىغان ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان، ساغلام، تەرتىپلىك ئايلىنىدىغان بازار ئىگىلىكى بولۇشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇشۇنداق يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، يۈرەكلىك سىناق قىلىپ، بارلىق دۆلەتلەر جۈملىدىن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر-نىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئاتالمىش ئومۇميۈزلۈك غەربچىلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان پۈتۈنلەي توغرا بولغان بىر يېتەكچى پرىنسىپتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنى قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئىجرا قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013

9 771006 585006 11